# ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن ياردەمچى قوشۇن كەلگەندە، ئۇلاردىن: ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ دەپ سورايتتى

ئۇسەيىر ئىبنى ئەمرۇ -ئۇ ئىبنى جابىرمۇ دېيىلىدۇ- رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن ياردەمچى قوشۇن كەلگەندە، ئۇلاردىن: ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ دەپ سورايتتى. ئاخىرى ئۇۋەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلگەندە ئۆمەر ئۇنىڭدىن: سەن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: ھەئە، دېدى، مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىنمۇ؟ دېدى، ئۇ: ھەئە، دېدى، سەندە ئاق كېسەل بار بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ساقايدى، شۇنداقمۇ؟ دېگەندە، شۇنداق، دېدى. ئاناڭ بار، شۇنداقمۇ؟ دېگەندە، شۇنداق، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرگە ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر يەمەن ئەھلىنىڭ مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىللە كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان، ئۇنىڭ ئانىسى بار، ئۇ ئانىسغا ۋاپادار، ئۇ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسا ئاللاھ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر قىلالىساڭ ئۆزۈڭگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى سورىغىن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم. ماڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغىن، دېدى. ئۇۋەيس مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن: قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ: كۇفەگە، دېدى. ئۆمەر: سېنى كۇفەنىڭ ۋالىسىغا تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟ دېگەن ئىدى، ئۇ: مەن ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى. كېلەركى يىلى كۇفىنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ھەجگە بېرىپ ئۆمەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن ئۇۋەيسنى سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغا: ئۇ ئۆيى ناچار ۋە مۈلكى ئاز ھالدا قالدى، دېدى. ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرگە ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر يەمەن ئەھلىنىڭ مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىللە كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان، ئۇنىڭ بىر ئانىسى بار، ئۇ ئانىسغا ۋاپادار، ئۇ قاچانكى ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسا ئاللاھ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر قىلالىساڭ ئۆزۈڭگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى سورىغىن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. ئۇ كۇفەگە قايتىپ ئۇۋەيسنىڭ يېنىغا كىلىپ: مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، دېدى. ئۇۋەيس: سەن ياخشى سەپەردىن يېڭىلا كەلدىڭ، سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئۆمەرنى كۆردۈڭمۇ؟ دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە، دېدى. ئۇۋەيس ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى. كىيىن كىشىلەر ئۇنى بىلىپ كېتىپ، ئۇۋەيس ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى. ئۇسەيىر ئىبنى جابىردىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە: كۇپە ئەھلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆمەك بولۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇۋەيسنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۆمەر ئۇلاردىن: ئىچىڭلاردا قەرەنلىكلەردىن بىرەر كىشى بارمۇ؟ دېگەندە، ئۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆمەر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە يەمەندىن «ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر» ئىسىملىك بىر كىشى كېلىدۇ. ئۇ يەمەندە پەقەت بىر ئانىسىنى قويۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىگە شىپا ئاتا قىلغان. سىلەردىن كىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسا سىلەرگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى سورىسۇن» دېگەن ئىدى. ئۇسەيرنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆمەر: مەن ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇۋەيس دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى بار، ئۇنىڭدا ئاق كىسەل بار، ئۇنى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇڭلار

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يەمەن ئەھلىدىن ئىسلام قوشۇنلىرىغا ئۇرۇشتا ياردەم بېرىدىغان غازاتچىلار جامائەتلىرى كەلگەندە ئۇلاردىن: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ دەپ سورايتتى. ئاخىرى ئۇۋەيس رەھىمەھۇللاھ يېتىپ كەلگەندە، ئۆمەر ئۇنىڭدىن: سەن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. ئۆمەر: سەن مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىنمۇ؟ دېگەندە، ئۇ: ھەئە، دېدى. ئۆمەر: ئاق كېسىلىڭدىن بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ساقايدى، شۇنداقمۇ؟ دېگەندە. شۇنداق، دېدى. ئاناڭ بارمۇ؟ دېگەندە. ھەئە، دېدى. ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرگە ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر يەمەن ئەھلىنىڭ مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئالالاھ ئۇنىڭ ئاق كېسىلىدىن تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىگە شىپالىق بەرگەن. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بار، ئۇ ئانىسىغا ۋاپادار. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئالالاھ بىلەن قەسەم ئىچسە ئالالاھ بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئى ئۆمەر، ئەگەر قىلالىساڭ ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىنى سورىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇۋەيسنىڭ ئۆمەردىن ئەۋزەللىكى، يەنە ئۆمەرنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت بولمىغان دەپ چۈشىنىلمەيدۇ. ئۆمەرنىڭ ئۇۋەيستىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ئالىملارنىڭ ئىجماسى بار. چۈنكى ئۇ تابىئى، ساھابە تابىئىلاردىن ئەۋزەل. ئەمما يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئۇۋەيسنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، ئۆمەرنىڭ ياخشىلىقنى زىيادە قىلىشقا يول كۆرسەتكەنلىكىنى، دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى غەنىمەت بىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى تۇرۇپ بىزنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا، دۇرۇت ئوقۇشقا ۋە ئۆزىگە يېقىنچىلىق سوراشقا بۇيرىغىنىغا ئوخشايدۇ. كېيىن ئۆمەر ئۇنىڭ ئۆزىگە مەغپىرەت تىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇۋەيس ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىدى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن: قەيەرگە بارماقچى؟ دەپ سورىدى. ئۇ: كۇفەگە، دېدى. ئۆمەر: كۇفەنىڭ ۋالىيسىغا مۇسۇلمانلار خەزىنىسىدىن ساڭا يەتكۈدەك خىراجەت بېرىشى ئۈچۈن بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟ دېگەندە، ئۇ: مەن ئادەتتىكى كىشىلەردىن ۋە كەمبەغەللەردىن بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى. كېلەركى يىلى كۇفىنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ھەجگە بېرىپ، ئۆمەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن ئۇۋەيس ھەققىدە سورىغانىدى، ئۇ : ئۇ ئۆي-ماكانى ناچار ۋە سەرەمجانلىرى ئاز ھالدا قېلىپ قالدى، دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرگە ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر يەمەن ئەھلىنىڭ مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئالالاھ ئۇنىڭ ئاق كېسىلىدىن تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىگە شىپالىق بەرگەن. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بار، ئۇ ئانىسىغا ۋاپادار. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئالالاھ بىلەن قەسەم ئىچسە ئالالاھ بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئى ئۆمەر، ئەگەر قىلالىساڭ ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىنى سورىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. ئۇ كىشى ئۇۋەيسنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن ئۈچۈن ئالالاھدىن مەغپىرەت تىلىگىن، دېدى، ئۇۋەيس: سەن ياخشى سەپەردىن يېڭىلا كەلدىڭ، سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، دېدى. ئۇۋەيس ئۇنىڭ ئۆمەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۇنىڭدىن: سەن ئۆمەر بىلەن ئۇچراشتىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇۋەيس ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىشنى كىشىلەر بىلىپ قېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىلى تۇردى.ئۇۋەيس ئۇ يەردىن كىشىلەر بىلمەيدىغان يەرگە كېتىپ قالدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3436